# تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا بىر يىلنىڭ تۆت پەسلىدە مېۋە ـ چېۋىلەرنىڭ خۇش ھىدى تارالدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئوخشاش بولمىغان كىلىمات بەلبېغىدىكى مېۋىلەرنىڭ شۇ جايدا بازارغا سېلىنىشىغا تۈرتكە بولدى؛ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق تارماقلىرى توغاچ شاپتۇل، ئۈجمە، ئەنجۈر، خولۇڭگو قاتارلىق يېڭى، ئالاھىدە، ئەلا باغ ـ ئورمانچىلىق تەجرىبە خاراكتېرلىك تېرىقچىلىقنى پائال كىرگۈزدى ھەم تېرىقچىلىق ئائىلىلىرىنى تېخنىكىلىق تەربىيەلەش بىلەن تەمىنلەشنى كۈچەيتتى — شىنجاڭنىڭ باغ ـ ئورمانچىلىق تەرەققىياتىدا مىقدارى كۆپ بولۇشتىن سۈپىتى ئەلا بولۇشقا قاراپ تېز ئۆزگەرتىلمەكتە.

تۇرپان شەھىرى توخولو باغۋەنچىلىكى دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ پارنىكىدا، تېخنىك جاڭ يالۇڭ ئەنجۈر دەرىخىنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈۋاتاتتى. «ھەمكارلىق كوپېراتىپىدا 43 پارنىك بار، 23 پارنىكقا ئەنجۈر تىكىلدى، قالغانلىرىغا قوغۇن تېرىلدى. ئەنجۈر ھەر يىلى 6 ـ ئايدا پىشىدۇ، 12 ـ ئايغىچە ئۈزچىل ساتقىلى بولىدۇ. ئەسلىھەلىك باغ ـ ئورمانچىلىقتا بازار ئېھتىياجىنى بېيىتىپلا قالماي، يەنە شۇ جايدىكى دېھقانلارمۇ مۇۋاپىق ۋاقىت ئارىلىقى قالدۇرۇپ سېتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تېخىمۇ ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى» دېدى جاڭ يالۇڭ.

ھازىر، 1 ـ ئايدا خوتەن خولۇڭگوسى بازارغا سېلىنىدۇ، 2 ـ ئايدا ئاقسۇ بۆلجۈرگىنى چىقىدۇ، 3 ـ ئايدا قومۇل ۋوگىنىگە تەم كىرىدۇ، 4 ـ ئايدا پىچاننىڭ توغاچ شاپتۇلى ياخشى سېتىلىدۇ... تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا بىر يىلنىڭ تۆت پەسلىدە مېۋە ـ چېۋىلەرنىڭ خۇش ھىدى تارىلىپ، يىل بويى تەكشى بازارغا سېلىنىپ، تەمىنلەش ئىقتىدارى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بارغانسېرى كۆپ تېرىقچىلىق ئائىلىلىرى بۇنىڭدىن نەپ ئالدى، ئەمدى يەر تېرىش بىلەنلا بولۇپ قالماي، بەلكى تەشەببۇسكارلىق بىلەن سودا پۇرسىتى ئىزدەيدىغان بولدى، خاس ئەسلىھەلىك باغ ـ ئورمانچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق كىرىمنى كۆپەيتىپ بېيىشنى ئىشقا ئاشۇردى.

# 1 ـ پەسلىدە تارقىتىلغان نامراتلارنى يۆلەش ئاز سوممىلىق ئىناۋەتلىك قەرز پۇلى يېڭىدىن 1 مىليارد 976 مىليون يۈەن كۆپەيدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئەتىيازلىق تېرىلغۇ، ئىشلەپچىقىرىشى ۋە كېيىنكى مەزگىللىك ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىناۋەتلىك قەرز پۇل مەبلىغى ئېھتىياجىنىڭ تەسىرگە ئۇچرىماسلىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

«نامراتلارنى يۆلەش ئاز سوممىلىق ئىناۋەتلىك قەرز پۇلى سىياسىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ‹50 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن بولۇش، قەرەلى ئۈچ يىل ئىچىدە بولۇش، كېپىلسىز، رەنىسىز بولۇش، تۈپ ئۆسۈم نىسبىتى بويىچە قەرز پۇل بېرىش، مالىيەدىن ئۆسۈم ياردىمى بېرىش، ناھىيەدە خەۋپ ـ خەتەر تولۇقلىما فوندى تەسىس قىلىش›تىن ئىبارەت بولۇپ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىش باشلاش مەبلەغ ياردىمى بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، ھاللىق سەۋىيەگە يۈرۈش قىلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ.» ئاپتونوم رايونلۇق يەرلىك پۇل مۇئامىلىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ كۇيرەن مۇنداق دېدى: قەرز پۇل بېرىشنى ئۈستىگە ئالغان ئۈچ ئاپپارات سىياسەت بويىچە باشقۇرۇشنى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇپ، داۋاملىق قەرز پۇل بېرىش شەرتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، يەنە كېلىپ ئېھتىياجى بار نامرات ئائىلىلەرنىڭ قەرز پۇل بېرىشكە بولىدىغانلىرىنىڭ ھەممىسىگە قەرز پۇل بېرىپ، «قەرز پۇلنى ئائىلىلەر ئېلىپ كارخانا ئىشلىتىش» «قەرز پۇل بېرىپلا كارى بولماسلىق» «ئىشلەپچىقىرىشتىن باشقا چىقىمغا ئىشلىتىش» قاتارلىق ئىشلىتىلىشى دەل جايىدا بولماسلىق مەسىلىسىنى مەركەزلىك تۈزەپ، توغرا ئىشلىتىش، ياخشى ئىشلىتىشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، نامراتلارنى يۆلەش ئاز سوممىلىق ئىناۋەتلىك قەرز پۇلىنىڭ نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرىدۇ.

ئىگىلىنىشىچە، 2016 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بۇ سىياسەتنى يولغا قويغاندىن بۇيان، بۇ يىل 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، قەرز پۇل بېرىشنى ئۈستىگە ئالغان ئۈچ ئاپپارات جەمئىي 14 مىليارد 538 مىليون يۈەن نامراتلارنى يۆلەش ئاز سوممىلىق ئىناۋەتلىك قەرز پۇلى تارقاتقان، بۇ 392 مىڭ 100 نامرات ئائىلىنى قاپلىغان؛ بۇنىڭ ئىچىدە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتا تارقىتىلغىنى جەمئىي 12 مىليارد 353 مىليون يۈەن بولۇپ، 332 مىڭ 800 نامرات ئائىلىنى قاپلىغان. ھازىر، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە نامراتلارنى يۆلەش ئاز سوممىلىق ئىناۋەتلىك قەرز پۇلىنىڭ قەرز پۇل قالدۇقى 5 مىليارد 430 مىليون يۈەن ئىكەن.

# 1 ـ پەسلىدە نېفىت ـ تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىش ـ سېتىش قوش ئاشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

نېفىت ئۈنۈمىنى ئېچىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تەبىئىي گاز مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇشنى ۋە نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارنى تېزلىتىپ، تەننەرخنى تۆۋەنلىتىپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشنى قاتتىق تۇتۇپ، بىخەتەر، مۇھىت ئاسرايدىغان، ئېنېرگىيە تېجەيدىغان ئىشلەپچىقىرىشنى چىڭ تۇتتى. بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى ئۈچ ئېيىدا، جەمئىي 1 مىليون 642 مىڭ 600 توننا نېفىت ئىشلەپچىقىرىپ، جەمئىي 513 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 0.4% ۋە 10.9% ئاشۇردى؛ ئوخشاش مەزگىلدە 1 مىليون 668 مىڭ 800 توننا نېفىت، 385 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز سېتىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 3.9% ۋە 9.9% ئاشۇردى.

غەربىي شىمال نېفىتلىكى «تۆۋەن چەك بېكىتىش، زىياننى ئازايتىش، قۇرۇلمىنى تەڭشەش، مۇھىم نۇقتىغا كاپالەتلىك قىلىش، تەننەرخنى تۆۋەنلىتىش، رىتىمنى مۇقىملاشتۇرۇش» ئومۇمىي پىكىر يولى بويىچە، يۇقۇم ۋە نېفىت باھاسىنىڭ چۈشۈپ كېتىشىدىن ئىبارەت قوش بېسىمنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، پۈتۈن يىللىق تۈرلۈك خىزمەت نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى تىرىشىپ تاماملايدۇ.

**كارخانىلاردا تۇرۇشلۇق ئالاقىلەشكۈچىلەر:**

# تۆۋەنگە چۈشتى  قىيىن نۇقتىنى ھەل قىلدى  توسۇق نۇقتىنى راۋانلاشتۇردى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەتتىكى قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىپ، كارخانىلارنىڭ بىخەتەر، تەرتىپلىك ئىشلەپچىقىرىش ـ تىجارەتتە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

ھازىر كارخانىلاردا تۇرۇشلۇق 60 ئالاقىلەشكۈچى كارخانىلار ئىنكاس قىلغان مەسىلىدىن جەمئىي 140نى توپلاپ، نەق مەيداندا 30 مەسىلىنى ھەل قىلدى، قالغان 110 مەسىلىنى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلماقتا.

«كارخانىدا خادىم كۆپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى تېخىمۇ قاتتىق كۈچەيتىپ، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەش، ماسكا تاقاش، دېزىنفېكسىيەلەشنىڭ بىرىنىمۇ كەم قىلمايمىز...» 4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئەتىگەندە، كارخانىدا تۇرۇشلۇق ئالاقىلەشكۈچى چېن يەنبىڭ شىنجاڭ تيانشان يۇڭ توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ زاۋۇت رايونى دەرۋازىسىغا كېلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. «كارخانىدا تۇرغاندىن كېيىن، بىز تيانشان يۇڭ توقۇمىچىلىقنىڭ ھازىر بار بولغان زاۋۇت ئۆيلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ، بىر تەرەپتىن لايىھەلەپ، بىر تەرەپتىن قۇرۇلۇش قىلدۇق، شۇنىڭ بىلەن بىللە، خام ماتېرىيال سېتىۋېلىپ، تېخنىكا جەھەتتە تەربىيەلەپ، 20 كۈنگە يەتمىگەن ۋاقىتتا ماسكا ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇت ئۆيىنى سالدۇق ھەم شىنجاڭ جىنتىيەنشەن داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى چەكلىك شىركىتىنى تېزىمغا ئالدۇرۇپ، داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان بىر قېتىملىق ماسكا ئىشلەپچىقىرىشقا مەخسۇس ئىشلەتتۇق» دېدى چېن يەنبىڭ.

يېقىندا، زاۋۇتتىكى تولۇق ئاپتوماتىك ئۈسكۈنىلەرنى تەڭشەشتە قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا، چېن يەنبىڭ يەنە كەسپىي تېخنىكلار بىلەن تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئالاقىلىشىپ ئىشىك ئالدىغىچە كېلىپ مۇلازىمەت قىلىپ، رېمونت قىلدى ھەم تەڭشەپ نورماللاشتۇردى، يەنە ئۈسكۈنىلەرنى قۇراشتۇرۇپ تەڭشەش كۆرسەتمىسىنى تۈزدى.

ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتى يۈرۈشتۈرۈشنى كۆزىتىش ۋە ماسلاشتۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى گو رۇيبىن مۇنداق تونۇشتۇردى: ھازىر كارخانىلار ئىنكاس قىلغان بىرقەدەر مەركەزلىك مەسىلە شۇكى، خەلقئارا يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات ئېكسپورت زاكاز تالونى ئازايدى، كارخانىلار مەبلىغىنىڭ قايتىپ كېلىشى ئاستىلاپ قالدى، ئايلانما مەبلەغ جىددىيچىلىكى كۆرۈلدى.

ماۋ يىخۇ لوپ ناھىيەسىدىكى مەلۇم كارخانىدا تۇرۇشلۇق ئالاقىلەشكۈچى بولۇپ، ئۇ كارخانىدا تۇرۇپ ياردەم بېرىش ـ يۆلەش داۋامىدا كارخانا ئىشلەپچىقارغان يالغان چاچ مەھسۇلاتىنىڭ «شىنجاڭدىكى قىيىنچىلىقى بار رايونلاردا كەسىپ كارخانىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا نۇقتىلىق ئىلھام بېرىش بويىچە تاپاۋەت بېجىدا ئېتىبار بېرىش مۇندەرىجىسى»گە كىرگۈزۈلمەي، مۇناسىۋەتلىك ئېتىبار بېرىش سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولالمىغانلىقىنى ئىگىلىگەن. ماۋ يىخۇ ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى بىلەن پائال ئۇدۇللاشتۇرغان، بۇ ئىش بۇ ئېتىبار بېرىش مۇندەرىجىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈشكە دەل توغرا كەلگەن بولۇپ، ئۆي جاھازلىرى، ئويۇنچۇق، ئاياغ ـ باش كىيىم، يالغان چاچنى تەتقىق قىلىپ ئېچىش، لايىھەلەش ۋە ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاش قاتارلىق ئەمگەك كۈچ جەملەشكەن كەسىپلەر ئېتىبار بېرىش مۇندەرىجىسىگە كىرگۈزۈلگەن، ئۇ بىرىنچى ۋاقىتتا بۇ خۇش خەۋەرنى كارخانىغا ئېلىپ قايتقان.

«كېيىنكى قەدەمدە، بىز كارخانىلارنىڭ بازار ئېچىشنى ياخشى قىلىشىغا ياردەم بېرىپ، كارخانىلارنىڭ دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى بازار ئىستراتېگىيەسىنى ۋاقتىدا تەڭشىشىگە ياردەم بېرىمىز ھەم ھازىرقى زاكاز تالونىنى ساقلاپ قالىمىز، ھەم پۇرسەتنى تۇتۇپ يېڭى بازار ئېچىپ، دۆلەت ئىچىدىكى ئىستېمالچىلارغا ماس كېلىدىغان مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كەسىپ زەنجىرىدىكى ھەرقايسى ھالقىلارنىڭ تەييار مايىنى قوبۇل قىلىشنى ئاشۇرىمىز؛ دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتا ئوتتۇرىغا قويغان تۈرلۈك ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى ماسلاشتۇرۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كارخانىلارنىڭ ئىمكانقەدەر تېز مەھسۇلات كۆزلىمە نىشانىغا يېتىشى، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشىغا ياردەم بېرىمىز؛ ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش جەريانىدا كۆرۈلگەن مەسىلە ۋە قىيىنچىلىقلارنى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىپ، تۈرلەردە قۇرۇلۇشنى تېزلىتىشكە تۈرتكە بولىمىز» دېدى گو رۇيبىن.

سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش مىنىستىرلىقى 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئېلان قىلغان رايونلاردىكى كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىش باشلاش، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئەھۋالى كۈندىلىك ئورۇنلاشتۇرۇش جەدۋىلىدە كۆرسىتىلىشىچە، شىنجاڭ ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن خادىملار نىسبىتى ۋە ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش نىسبىتى جەھەتتە مەملىكەت بويىچە 3 ـ ئورۇندا تۇرغان.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاقسۇ ۋىلايىتى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى، قەشقەر ۋىلايىتى، خوتەن ۋىلايىتى قاتارلىق 13 ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)تىكى 87 ناھىيە (شەھەر، رايون)، 3067 تۈرگە چېتىلىدۇ. قۇرۇلۇشتا 110 كىلوۋولتلۇق ترانسفورموتور پونكىتىدىن 25ى يېڭىدىن قۇرۇلىدۇ ۋە ئۆزگەرتىلىدۇ، لىنىيەسى 748 كىلومېتىر بولىدۇ، 35 كىلوۋولتلۇق ترانسفورموتور پونكىتىدىن 54ى يېڭىدىن قۇرۇلىدۇ ۋە ئۆزگەرتىلىدۇ، لىنىيەسى 737 كىلومېتىر بولىدۇ، ئون كىلوۋولتلۇق لىنىيە 7651 كىلومېتىر، تۆۋەن بېسىملىق لىنىيە 9092 كىلومېتىر بولىدۇ، 5845 توك تەقسىملەش ترانسفورموتورى سەپلىنىدۇ.

تۈر قۇرۇلۇشى پۈتكەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ئېلېكتىر تورىنىڭ توك بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى ۋە توك بىلەن تەمىنلەش سۈپىتى زور دەرىجىدە ئۆسۈپ، دۆلەتنىڭ يېڭى بىر نۆۋەتلىك يېزا ئېلېكتىر تورىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش قۇرۇلۇشىنىڭ «يېزا ئېلېكتىر تورىنى توك بىلەن تەمىنلەشنىڭ ئىشەنچلىك بولۇش نىسبىتىنى 99.8%كە يەتكۈزۈش، ئۇنىۋېرسال ئېلېكتىر بېسىمىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتىنى 97.9%كە يەتكۈزۈش، ئائىلىلەرگە ئوتتۇرىچە توك تەقسىملەش سىغىمچانلىقى ئىككى كىلوۋولت ـ ئامپېردىن تۆۋەن بولماسلىق»تىن ئىبارەت باھالاش نىشان ـ تەلىپى ئاشۇرۇپ ئورۇندىلىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى تۈر ئورۇنلىرىنىڭ چۈشۈرگەن مەبلەغ سېلىش پىلانى بويىچە، بۇ يىللىق يېزا ئېلېكتىر تورىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ يولغا قويۇپ، يىل ئىچىدە پۈتكۈزۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشقا، يېزا ئېلېكتىر تورىدىكى ئېلېكتىر بېسىمى ئۆلچەمگە يەتمەسلىك، قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق بولماسلىق، ھەرىكەت ئېنېرگىيە توكى تۇتاشماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەقىقىي ھەل قىلىپ، كەڭ دېھقان ـ چارۋىچى ئاممىنىڭ «توك ئىشلىتەلەيدىغان» بولۇشتىن «توكنى ياخشى ئىشلىتەلەيدىغان» بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى ئۈنۈملۈك كاپالەتلەندۈرۈشى ۋە ياخشىلىشىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تەكلىپ قىلىنغان كەنت ئاھالىلىرىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسى، پىكىر ئالماشتۇرۇش، ئىپادىلەش، نەق مەيداندا ماسلىشىش ئىقتىدارى قاتارلىقلارنى ئىگىلەپ، ھەرقايسى يەككە تۈرلەر بويىچە نومۇر قويۇشقا ئاساسەن، شۇ كۈنى بارلىق تەكلىپ قىلىنغان خادىملارنىڭ يۈزتۇرا ئىمتىھانىنى تاماملىدى، ھەم قوبۇل قىلىنغان خادىملارنىڭ ئىسىملىكىنى بېكىتتى.

«بۇ قېتىم نامرات ئاھالىلەرنى ئالدىن قوبۇل قىلدۇق، يەنە نامرات ئائىلىلەردىكى ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان نۇرغۇن ئوقۇغۇچىنى قوبۇل قىلدۇق. 2020 ـ يىلى ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزىدىغان ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتكۈزگەندە، بىز يەنە ئىككىنچى مەيدان تەكلىپ قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزىمىز» دېدى دۆلەت ئېلېكتىر تورى شىنجاڭ ئېلېكتىر ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتى ئادەم كۈچى بايلىقى بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى شى جيەنفېڭ.

سەيدىنىسا بۇ يىل 31 ياشقا كىرگەن بولۇپ، ئائىلىسىدە يەر يوق ئىدى، ئېرىنىڭ دۇكان ئېچىپ تاپقان كىرىمىگىلا تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرەتتى، ئائىلىسىنىڭ كىرىمى كۆپ بولمىغاچقا، ئىزچىل نامراتلىقتىن قۇتۇلالمىغانىدى. بۇنىڭدىن سەيدىنىسا ناھايىتى جىددىيلىشەتتى. 2019 ـ يىلى، سەيدىنىسا چىڭداۋغا بېرىپ ئىشلەمچىلىك قىلىپ، ئايدا 3000 يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلدى، لېكىن بىر نەچچە ئاي خىزمەت قىلىپلا، كېسەل سەۋەبىدىن ئۆيىگە قايتىپ داۋالاندى. بۇ قېتىمقى تەكلىپ قىلىش ئۇچۇرىنى ئاڭلاپ، ئۇ بىرىنچى ۋاقىتتا تىزىملاتتى.

«بۇ قېتىمقى خىزمەت پۇرسىتىنى قەدىرلەپ، تىرىشىپ خىزمەت قىلىش ئارقىلىق، بۇ يىل قەرەلىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلىمەن» دېدى سەيدىنىسا.

چىرا ناھىيەلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى خۇ جۈەننىڭ بىلدۈرۈشىچە، بۇ ناھىيە ئالدىن كەسپىي ئوقۇتقۇچىلارنى تەكلىپ قىلىپ، تىزىمغا ئالدۇرغانلارنى مەركەزلىك تەربىيەلەپ، دۆلەت ئورتاق تىلى، قانۇن ـ نىزام بىلىملىرى قاتارلىقلار بويىچە نۇقتىلىق تەربىيەلەپ، تىزىمغا ئالدۇرغان كەنت ئاھالىلىرىنىڭ تەكلىپ قىلىنىشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، نامرات ئاھالىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى ھەقىقىي ھەل قىلغان.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

گۇما ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىكى يېزا ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى يۈەن جىن مۇنداق دېدى: «كارخانا ۋە ھۆكۈمەت ئورتاق مەبلەغ سېلىپ، ‹كارخانا + دېھقان ئائىلىلىرى› ئەندىزىسىنى قوللاندۇق، كارخانا تېخنىكا، پىششىقلاش، سېتىش قاتارلىق ھالقىلارغا مەسئۇل بولدى، دېھقانلار بېقىش ۋە تېرىشقا مەسئۇل بولدى، بۇنىڭ بىلەن دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ خەۋپ ـ خەتىرى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ، بارغانسېرى كۆپ دېھقان ئائىلىلىرى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، كىرىمنى ئاشۇرۇش يولىغا ماڭدى».

كىرگۈزگەن كارخانىلارنى «ئېلىپ قېلىش» ئۈچۈن، گۇما ناھىيەسى قوللاش سالمىقىنى زورايتىپ، مايسا يېتىشتۈرۈش، سورت يېتىشتۈرۈش جەھەتتە بەلگىلىك ياردەم پۇلى بېرىپ، كارخانىلارنى 50%تىن 70%كىچە ترانسپورت خىراجىتى ياردەم تولۇقلىمىسى بېرىش قاتارلىق سىياسەتلەر بىلەن تەمىنلەپ، كۆپ خىل تەدبىرنى قوللىنىپ، كارخانىلارنىڭ تىجارەت تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىپ، كارخانىلارنىڭ تېخىمۇ كۆپ پايدىنى دېھقانلارغا قالدۇرۇشىنى ئىلگىرى سۈردى. نۆۋەتتە، بۇ ناھىيە «بەش چوڭ كەسىپ»نى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق، 31 مىڭ ئائىلىدىكى 120 مىڭغا يېقىن كىشىنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا تۈرتكە بولدى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شۇ جايدىكى پوچتا ياكى DHL (دۇنخاۋ تېز يەتكۈزۈشى)، UPS تېز يەتكۈزۈشى قاتارلىقلار ئارقىلىق تەقسىملەپ يەتكۈزۈلىدۇ.

ئالاتاۋ پورتى دۆلىتىمىزنىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئەڭ يېقىن تۆمۈريول پورتى بولۇپ، چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا كەسپىنى قانات يايدۇرۇشتا تەبىئىي ئەۋزەللىككە ئىگە. تاشيول ـ تۆمۈريولدا بىرلىشىپ توشۇش ئارقىلىق، چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا پوسۇلكىلىرىنىڭ ئىستېمالچىلارنىڭ قولىغا يەتكۈزۈلۈش ۋاقتىنى دېڭىزدا توشۇش ئۇسۇلىدىن بىر ھەسسە تېزلەتكىلى بولىدۇ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەزگىلىدە ئەشيا ئوبوروتى تەننەرخى ئاۋىياتسىيە ترانسپورتىدىن 70%كە يېقىن تۆۋەن بولدى.

«ئالاتاۋ تاموژنىسى 24×7 سائەت تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈپ، ماللارنى ئېكسپورت قىلىشقا كېتىدىغان ۋاقىتنى زور دەرىجىدە تېجىدى. نۆۋەتتە، بىز مۇلازىمەت قىلىۋاتقان خېرىدارلار بىرقانچە چوڭ چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا سۇپىسىنى قاپلىدى. بۇ يىل ئالاتاۋ پورتى ئارقىلىق 10 مىليوندىن ئارتۇق چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا پوسۇلكىسىنى ئېكسپورت قىلىش مۆلچەرلەندى» دېدى توشۇشنى ھۆددىگە ئالغۇچى كارخانىنىڭ مەسئۇلى.

ئالاتاۋ تاموژنىسى ئۇنىۋېرسال كەسىپ 1 ـ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى لى ۋېي مۇنداق تونۇشتۇردى: بۇ يىل، ئالاتاۋ تاموژنىسى تەشەببۇسكارلىق بىلەن چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا بويىچە تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈش ئەندىزىسىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئەلالاشتۇرۇپ، «تىزىملىك بويىچە تەكشۈرۈپ قويۇۋېتىش، ئېلتىماسنى جەملەش» ئەندىزىسىنى يولغا قويۇپ، تۆمۈريول تارماقلىرى بىلەن ماسلىشىپ مەشغۇلات قىلىپ، پورتنىڭ چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا كەسپى ئۈچۈن تېز سۈرئەتلىك يول ئېچىپ بېرىپ، تاشقى سودا يېڭى كەسىپ ھالىتىنىڭ تەرەققىياتىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن تۈرتكە بولىدۇ.